قاۋسلقان قامجان



# ئەل قەلبىدىكى
# تىپىچان ئىلىپىسى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

قاۋسلقان قامجان

# ئەل قەلبىدىكى تېيجان پېيسىن

藏书专用章



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

人们心中的铁依甫江：评论集：维吾尔文/浩斯力汗·哈米江著．-乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2010.5

（铁依甫江·艾力尤夫作品集；3）

ISBN 978-7-5371-8740-4

Ⅰ．①人… Ⅱ．①浩… Ⅲ．①诗歌-文学评论-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①I207.22

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2010）第 093861 号

责任编辑：**阿布力孜·克尤木**

责任校对：**克尤木·吐尔逊**<br>**迪力亚尔·吐尔逊**

封面设计：**木拉丁·阿比提**

**人们心中的铁依甫江**（维吾尔文）

**浩斯力汗·哈米江** 著

---

新疆青少年出版社出版

（乌鲁木齐市北京北路 29 号 邮编：830012）

新疆新华书店发行

新疆八百印务有限公司印刷

880×1230 毫米 32 开本 9.75 印张

2012 年 5 月第 1 版 2012 年 5 月第 1 次印刷

印数：1 — 3000

---

ISBN 978-7-5371-8740-4 定价：30.00 元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# نەشرىياتتىن

تېيىپجان ئېلىيېف ئىجادىيەتلىرى خۇسۇسىدا مەخسۇس ئىزدىنىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «تېيىپجان ئېلىيېفشۇناس» دەپ تونۇلغان، تەتقىقاتچى، پېداگوگ قاۋسىلقان قامىجان 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ تولى ناھىيەسىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1949 ـ يىلىدىن 1959 ـ يىلىغىچە تولى ناھىيەسىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1959 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1964 ـ يىلىدىن 1992 ـ يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا، 1992 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئۇ 1962 ـ يىلى قازاقچە «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئاقيول تىلەيمەن» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ ئۇيغۇر، قازاق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت ئىككى مىللەت ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 315 پارچە ماقالىسىنى ئۇيغۇر، قازاق

ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەن. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان «ئىزدىنىش»، «ئۈمىد»، «قەلەم ۋە قەدەم»، «ئەدەبىي ئەسەر ۋە بەدىئىي زوق»، «ئىز ۋە ئۆلگە»، «بۇغدا ئابدۇللا تەتقىقاتى»، «ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلار»، «تېيىپجان ئېلىيېف ئەسەرلىرى» (تۈزگەن) قاتارلىق كىتابلىرى؛ قازاق تىلىدا يازغان «يېزىقچىلىق نەزەرىيەۋى بىلىملىرى»، «ئەمەلىي يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتى»، «قازاق ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «سۇلتان جانبولاتوف تەتقىقاتى»، «تاللاش ۋە تارازا»، «شاراپەت»، «شاكارىم تەتقىقاتى» (تۈزگەن)، «سۇلتان جانبولاتوف ۋە ‹ئېلىجاۋ كۆنبىي› رومانى» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان.

قاۋسىلقان قامىجاننىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان. «تېيىپجان ئېلىيېف ئەسەرلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى قازاقىستاندىكى «دىدار» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا، «پېشقەدەم قەلەم ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلايلى» ناملىق ماقالىسى قازاقىستاندىكى «شالقار» گېزىتىنىڭ 2005 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا، «شاكارىم ئەسەرلىرىنىڭ جۇڭگودا نەشر قىلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى «ياۋروپا ـ ئاسىيا مەركىزى ژۇرنىلى»نىڭ 2008 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. «مەشھۇر شائىرنىڭ مەشھۇر شېئىرلىرى» ناملىق ماقالىسى قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان «شاكارىم تەتقىقاتى»



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

(2008 ـ يىل) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. «نام ـ شۆھرىتى تىللاردا داستان» ناملىق ماقالىسى ئالماتا بىلىم نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «مەڭگۈلۈك ئۆتكەن ھايات» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. «شاكارىم جۈڭگودا» ناملىق كىتابى قازاقىستاندا نەشر قىلىنغان.

ئۈنىڭ «دەۋر ۋە شائىر»، «تاڭچارىق ۋە ئۈنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئېلىمىز قازاق ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ھەققىدە»، «تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى كۆزقاراشلار ھەققىدە»، «تالانت جاپالىق ئىزدىنىشتىن كېلىدۇ»، «چىپار ئاتلىق قازاق» ناملىق پوۋېست ھەققىدە» قاتارلىق ماقالىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۈنىڭ «قازاق ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى بويىچە «تۇلپار» مۇكاپاتىغا، «ئەدەبىيات تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلار» ناملىق كىتابى ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «مىكرو ھېكايە ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ قېتىملىق پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە نادىر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى كۆزقاراشلار» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى «تەڭرىتاغ» ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتىغا، «مۇۋەپپەقىيەت ئىزدىنىش يولىدا»

ناملىق ماقالىسى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

«ئەل قەلبىدىكى تېيىپجان ئېلىيېف» ناملىق بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ مەخسۇس تېيىپجان ئېلىيېف توغرىسىدا ئېلىپ بارغان ئەڭ يېڭى تەتقىقات مېۋىسى بولۇپ، بۈيۈك شائىرنىڭ ئەل قەلبىدىكى نۇرانە سىيماسى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ چىن نامايان قىلىنغان.

بىز سۆيۈملۈك شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېف ھەققىدىكى مەزكۇر كىتابنى نەشر قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىزدىنىش روھىغا باي قاۋسىلقان قامىجان ئاكىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت، قەلىمىگە بەرىكەت تىلەيمىز.

2012 ـ يىلى ماي

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىز قېيۇم**
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: **قېيۇم تۇرسۇن**
**دىليار تۇرسۇن**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **مۇرادىل ئابىت**

# ئەل قەلبىدىكى تېيىپجان ئېلىيېۋ

ئاپتورى: **قاۋسىلقان قامىجان**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ بابەي مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 9.75
2012 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5371 – 8740 – 4
سانى: 3000 – 1
باھاسى: 30.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتى ھەققىدە .............1
تۆمۈر داۋامەتنىڭ نەزىرىدىكى تېيىپجان ئېلىيېۋ ... 40
تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە مىجىت ناسىرنىڭ «كۆكتۆل سوۋغىسى» ................................ 57
توختى سابىرنىڭ خاتىرىسىدىكى تېيىپجان ئېلىيېۋ ... 69
تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ئالتاينىڭ ۋالىيسى ....... 122
ئىككى نۇرلۇق يۇلتۇز ......................... 148
تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە مۇھەممەد رەھىم .......... 170
ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تېيىپجان ئېلىيېۋ دەۋرى ۋە بۇغدا ئابدۇللا ........................ 201
قەلبداشلار .............................. 216
ئۇستاز ۋە شاگىرتنىڭ قەلب رىشتىسى ............ 237
تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە مەن ...................... 251
تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە .............................. 267
ئاخىرقى سۆز ............................. 281
شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ توغرىسىدا قىممەتلىك سۆزلەر .............................. 291
تېيىپجان ئېلىيېۋ كىتابلىرىنىڭ كاتالوگى .... 304

# تېيىپجان ئېلىيېف تەتقىقاتى ھەققىدە

ھېسابلىساق، تېيىپجان ئېلىيېف تەتقىقاتىدىن ئىبارەت ئىلمىي پائالىيەتنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىغا قىرىق يىل بولۇپ قاپتۇ. بۇ جەرياندا شائىر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ يەنە باشقا بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىي تەنقىدچى، تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 130 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە يېزىلىپتۇ. شائىر ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك ئىككى ئىلمىي تەتقىقات كىتابى نەشر قىلىنىپتۇ.

بىز يۇقىرىدا ئېغىزغا ئالغان قىرىق يىلدىن بۇرۇنمۇ تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئانچە - مۇنچە ماقالىلەر يېزىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەكمۇ ئاز، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر قىسىملىرىلا كېرەككە كېلەتتى. ئاز - پاز پايدىلىنىش قىممىتى بار ئىدى. لېكىن مۇتلەق كۆپىنچىسى شائىرغا «پارتىيەگە قارشى ئۇنسۇر»، «چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر»، «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دېگەنگە ئوخشاش قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ، تۈرلۈك بەتناملارنى چاپلاپ، سۆيۈملۈك شائىرنى چەتكە

قىقىش، زەربە بېرىش، يوقىتىش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇپ يېزىلغان بولسا، ئەسەرلىرىدىن يەنى شېئىرلىرى، شېئىرلىرى بولغانىدىمۇ خەلق ئاممىسى چىن دىلىدىن ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان نادىر شېئىرلىرىنى «سىرىق نەرسىلەر»، «زەھەرلىك چۆپ» دەپ ھۆكۈم قىلىپ يېزىلغان ماقالىلەر ئىدى. بۇلار قىلچە ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق، توغرىلىقتىن، دەلىلىكتىن، چىنلىقتىن چەتنىگەن نەرسىلەر بولغاچقا، ئاللىبۇرۇن ئوسەيگە چىقىرىۋېتىلگەن ماقالىلەردۇر.

راستىنى ئېيتقاندا، 1957 ـ يىلىدىن تارتىپ 1977 ـ يىلىغا قەدەر سوزۇلغان مەزگىللەردە مۇقىم بولمىغان، تورمۇزى تۇتمىغان قالايمىقان ۋەزىيەت شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنى خاتىرجەم ياشىغىلى، خاتىرجەم قەلەم تۇتقىلى قويمىدى. ئىجادىيەت يولىنى توسۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ سۆيۈملۈك خەلقىگە مۇھىم مەنىۋى بايلىقلارنى تەقدىم قىلىدىغان، ماھارىتى تازا ۋايىغا يەتكەن قىران ۋاقتى ئېغىر كۆلپەتلىك كۈنلەر، ئازاب ـ ئوقۇبەت، سۈرگۈن ئىچىدە بىھۇدە ئۆتكەندى.

ئويلاپ كۆرسەك، شائىر تېيىپجان ئېلىيېف شۇ كەسكىن زىددىيەت، ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش بىلەن تولغان ۋەزىيەتنىڭ دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلىرىدا ئۈچ قېتىم يىقىلىپ، ئۈچ قېتىم ئورنىدىن دەس تۇردى. بۇ، زاماندىشلىرىمىزنىڭ زور كۆپچىلىكى ئېنىق بىلىدىغان رېئاللىق.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بىرىنچى قېتىم شائىر تېيىپجان ئېلىيېفقا «ئوغچىل ئۇنسۇر»، «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقلار كىيدۈرۈلۈپ، جازالىنىپ تۇرپان يېزىلىرىغا «ئۆزىنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» دېگەن نام بىلەن سۈرگۈن قىلىنغان. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىنغان. خېلى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاقلىنىپ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەن. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، شائىرنىڭ بېشىنى يەنە قارا بۇلۇت قاپلىغان. ساناپ تۈگەتكۈسىز بەتناملار چاپلىنىپ، جىنايەتلەر ئارتىلىپ، خىزمەت ئورنىدىن، ئائىلىسىدىن، باللا - چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ، گۇچۇڭ ناھىيەسىگە سۈرگۈن قىلىنغان. بۇ يەردە بىرنەچچە يىل دېھقان بولۇپ ئېتىزدا ئىشلىگەن. 1970 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، بۇ جىنايەتلەردىن ئادا - جۇدا قىلىنىپ، خىزمەت ئورنى ۋە ئاتاق - ئابرۇيى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

زامان ئوغشىلىپ، قارىلانغان، چەتكە قېقىلغان، ئازابلانغان، تۈرمىگە تاشلانغان، سۈرگۈن قىلىنغانلار دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلۇپ قەلبى يايراشقا باشلىغاندا شىنجاڭدا ئويلىمىغان يەردىن سەيپىدىن ئەزىزى مەسلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن تېيىپجان ئېلىيېفنى بۇ مەسىلىگە چېتىپ، بىرمۇنچە ئىللەتلەرنى ئارتىپ خىزمىتىدىن ئۇچىنچى قېتىم توختىتىپ قويدى، ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە سالدى. سەيپىدىن مەسىلىسىنى پاش قىلىشقا قىستىدى. بىراق كۆكلەمدە

ياغقان قاردەك بۇ ئىشمۇ ئۆتۈپ كەتتى. شائىر ئاخىرقى قېتىم ئورنىدىن دەس تۇردى. تۇرغاندىمۇ ئەمدى يەنە يىقىلمايدىغان دەرىجىدە دەس تۇردى. شۇنداق قىلىپ، سۆيۈملۈك شائىر، جەسۇر، بۈيۈك تالانت ئىگىسى، تۆھپىكار ئۇيغۇر ئوغلانى تېيىپجان ئېلىيېفتىن ئىبارەت نۇرلۇق چولپان ئۇلۇغ ئىسلاھات دولقۇنىدا ئۇستقۇرۇلمىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە بايراقدار بولۇپ، مەردانە قەدەملەر بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. خۇددى ئاتاقلىق شائىر بۇغدا ئابدۇللا ئەپەندى ئېيتقاندەك، ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تېيىپجان ئېلىيېف دەۋرىنى بەرپا قىلدى.

دېمەك، مۇشۇ مەزگىللەردە تېيىپجان ئېلىيېف ۋەكىللىك قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا مەزمۇنى باي ھەم رەڭدار، شەكلى ھەر خىل بولغان يېپيېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇلۇغ زاتنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ئاشكارا ـ يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىپ ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ماقالە يېزىپ جامائەت پىكرى توپلاشقا ئۇرۇنۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ يۈرگەنلەر ئەمەلىيەت، ھەقىقەت ئالدىدا مەغلۇپ بولدى.

سولچىل پىكىر ئېقىمى ئۇچىغا چىققان ئاشۇ يىللاردا سۆيۈملۈك شائىرنىڭ «سېرىق نەرسىلەر»، «زەھەرلىك

چۆپ» دەپ بولۇشىغا ئەيىبلەنگەن، كەينى ـ كەينىدىن تەنقىد ماقالىلىرى يېزىلغان «تۇگىمەس ناخشا»، «ۋالاقتەككۇرۇفنىڭ ئۆلۈمى»، «ساڭ مۇدىرنىڭ ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا»، يەنە باشقا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەرلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلارغا بېرىلگەن خاتا باھالار، چاپلانغان بەتناملار، ئارتىلغان جىنايەتلەر بىردەك ئىنكار قىلىنىپ، بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىباھا گۆھەرگە ئايلاندى، شۇنداقلا شائىرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا قوشقان ئالەمشۇمۇل ئاجايىپ مول تۆھپىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، شائىرانە ئۇلۇغۋار ئوبرازى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلۈش بىلەن بىللە خەلق ئارىسىدىكى، جەمئىيەتتىكى ئابرۇيى يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى مەملىكىتىمىز بويىچە، ھەتتا مەملىكەت سىرتىدىمۇ نەچچە ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە 1979 ـ يىلى مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان تۆت نەپەر مەشھۇر يازغۇچى، شائىرنى بىرقانچە تىلدا دۇنياغا تونۇشتۇردى. شۇلارنىڭ بىرى مەشھۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىدى. يەنە شۇ يىلى ئېچىلغان جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيىدا ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېف جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى، ھەمدە

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى مۇدىرىيىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

شىنجاڭدا بولسا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. بۇنىڭدىن باشقا 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى.

ئېلىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ مول نەتىجىلەرنى ياراتقان، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ئوتتۇز يىل ئىچىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان تېيىپجان ئېلىيېۋ تەتقىقاتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىي تەنقىدچىلەردىن ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتانىنىڭ «تېيىپجان ئىجادىيىتى ھەققىدە»، جاڭ يۇ ئەپەندىنىڭ «مەن ئۇچۇن شېئىر - ۋىجدان ئىشى بەس» (تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى توغرىسىدا)، مۇھەممەد پولاتنىڭ «ساتىرامىزنىڭ ياخشى نەمۇنىسى»، ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ «شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ شىنجاڭ بوگۇنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى»، «ئابدۇۋەلى كېرىم ئەپەندىنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرىدىكى مېتافورىلار». مۇھەممەدجان سادىقنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى»، مۇھەممەد رەھىمنىڭ

«تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئىجادىيەت ئىستىلى»، بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى: تېيىپجان ئېلىيېف دەۋرى»، «تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ بەدىئىي سېيماسى»، مۇھەممەد شاۋۇدۇننىڭ «تېيىپجان ئېلىيېف يېتۈك تىل سەنئەتكارى»، غەيرەت ئاسىمنىڭ «ۋاڭ مېڭ ۋە تېيىپجان ئېلىيېف»، قۇربان باراتىننىڭ «‹تۈگىمەس ناخشا›، شېئىر ئەمەسمۇ؟!»، ئابدۇكېرىم مەخسۇتنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېف روبائىيلىرىدىكى دەۋر روھى» قاتارلىق ماقالىلىرى بۇنىڭ گەۋدىلىك مىساللىرىدۇر.

كۆزگە كۆرۈنگەن پېشقەدەم پېداگوك، پىروفېسسور، ئۇستاز شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېف ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكىدە تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، بالىلىق دەۋرى، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى گەۋدىلەندۇرۇلگەن. ماقالىنىڭ بېشىدا شائىرنىڭ گۆدەك ۋاقتىدىكى ئەھۋالدىن مۇنداق مەلۇمات بېرىلگەن: «تېيىپجان ئۆز ئائىلىسىنىڭ ياخشى تەربىيەسى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل - ئىدراك، ئۆتكۈر زېھنىي قابىلىيىتى بىلەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك بولۇپ ئۆستى. مەھەللىدىكى چوڭلار زاكىر خەلپەم (شائىرنىڭ ئۆز ئاتىسى)نىڭ بۇ بالىسى بەكمۇ ياخشى بالا بوپتۇ، ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا دېگەن گەپ راست ئىكەن دەپ ماختىسا، تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.»

بىز مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېف ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى» ناملىق ئەمگىكىدىن شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ ئىنتايىن باي مەزمۇنلۇق ھايات كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە، ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئىلگىرى ئۇچراتمىغان يېڭى مەلۇماتلارغا، ئىشەنچلىك پاكىتلارغا ئىگە بولىمىز.

مۇھەممەد رەھىم ئاكا مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيېفتىن تۆت ياش چوڭ بولسىمۇ ئۇلار بىر يىلدا تۇغۇلغان قوشكېزەكلەردەك ئۆتۈشكەن. مەن بۇ ئىككى شائىرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان تەبىئىي، تەسىرلىك دوستلۇق كەچۈرمىشلىرىنى بىر ماقالەمدە تەپسىلىي يازغانىدىم. شۇنىڭدەك مۇھەممەد رەھىم ئاكىنىڭ «تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى ۋە ئىجادىيەت ئىستىلى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكى ھەققىدىمۇ كەڭ-كۆشادە توختالغانىدىم. مۇھەممەد رەھىم ئاكىنىڭ مەزكۇر ئىلمىي ئەمگىكىنى نۆۋەتتە تېيىپجان ئېلىيېف تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتى زور ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىلمىي ئەسەر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مەرسىيە، ئەسلىمىلەرنى كىشىلەر سۆيۈنۈپ ئوقۇغان ھەم شائىر بىلەن ئەزەلدىن بەكمۇ قويۇق، بەكمۇ يېقىن ئۆتكەنلىكىنى بىلىدىغان زامانداشلىرىمىز پېشقەدەم يازغۇچى توختى سابىر بىلەن پېشقەدەم شائىر مۇھەممەد رەھىمنى سۆيۈملۈك شائىر تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ تارىخىنىڭ، ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئەينىكى، ئەدەبىي



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com